ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى ـ روييۇڭ سامان بولماس

1995
ژىل
4ـ فېۋرال
شەنبە
№5
(3962)
ئەركىن باھا

# يېڭى ھايات

# ЖАҢА ӨМІР

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي ـ سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970 ـ ژىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.



گۈل تۇتۇپ تەبەسسۇم قىلغان چېغىڭدا،
ئۆزەڭمۇ گۈل بولۇپ قالىسەن جانان.
ھۆسنىڭدىن زوق بېرىپ بارچە دىللارغا،
شېرىن ھىس ـ تۇيغۇلار سالىسەن جانان.

بىلمىدىم تەبىئەت بار گۈزەللىكنى،
ساڭىلا ئاتا قىپ بەردىمۇ جانان.
باقىمەن چېھرىڭگە ئالماي كۆزۈمنى،
يېنىشلاپ يەنىمۇ، يەنىمۇ جانان.

## ئالىي كېڭەشنىڭ سېسسىيەسىدە

پارلامېنتنىڭ 1 ـ فېۋرال كۈنىدىكى
مەجلىسىدە مەركىزىي سايلام كومىس
سىيەسىنىڭ رەئىسى قاراتاي تۇرىسوۋ
نىڭ بوشاپ قالغان سايلام ئوكرۇگلى
رىدىكى سايلامنىڭ نەتىجىلىرى توغ
رىلىق خەۋىرى تىڭشالدى. مەركىزىي
سايلام كومىسسىيەسىنىڭ تەكلىۋى بو
يىچە يېڭىدىن سايلانغان دېپۇتاتلار ـ
ئورازكۈل ئاسانغازىيېۋانىڭ، زەۋرە
قادىروۋانىڭ، زامانبېك نۇرقادىلوۋ بە
لەن مەركېن شايجۇنىسوۋنىڭ ۋاكا
لەتلىكلىرى تولۇلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالىي كېڭەش تا
موۋنا كودېكسىنىڭ لايىھەسى بويى
چە ئىككىنچى ئوقۇلۇشىدا ئۆز ئىشى
نى داۋام قىلدى. دېپۇتاتلارنىڭ سوئا
للىرىغا مالىيە مىنىستىرىنىڭ بىرىنچى
ئورۇنباسارى ـ باش تاموۋنا باشقارمى
سىنىڭ باشلىقى ئامانگېلدى كاپسۇگتا
نوۋ جاۋاپ بەردى. مالىيە ۋە بيۇد
ژېت بويىچە كومىتېتىنىڭ كرىم، سې
لىق ۋە تۆلەملەر بويىچە كىچىك كو
مىتېتىنىڭ رەئىسى غازىز ئالدامژاروۋ
قوشۇمچە دوكلاد قىلدى. كودېكىنى
بابلار بويىچە قوبۇل قىلىش باش
لاندى.

3 ـ فېۋرال كۈنى پارلامېنتنىڭ
قوشۇمچە ئومۇمىي مەجلىسىنى ئۆتكۈ
زۈش توغرىلىق قارار قوبۇل قىلىندى.

(قاز تاگ).

## ھۆكۈمەتلەر ئارا كېلىشىمگە قول قويۇلدى

يېقىندا قازاقستانىڭ پرېمېر ـ
مىنىسترى ئەكېژان قاژىگېلدىن پرېم
يېر ـ مىنىستر جەمشېد كەرىموۋ يول
باشچىلىغىدا ئالماتىغا كەلگەن تاجىك
ستانىڭ ھۆكۈمەت دېلېگاتسىيەسى بە
لەن ئۇچراشتى. ئۇچرىشىشتا ئۆز
ئارا مۇھىم ئىككى تەرەپلىمىلىك مۇ
ناسىۋەتلەر بىلەن باشقىمۇ مەسىلىلەر
مۇھاكىمە قىلىندى. تاجىكستانىڭ قا
زاقستانغا قەرزىنى تۆلەشنىڭ تەرتى
ۋى قارالدى.

مۇزاكىرىلەر نەتىجىسى بويىچە ئىك
كى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ
ئىختىسادىي ھەمكارلىق پرىنسىپلىرى
توغرىلىق كېلىشىم تۈزۈلۈپ، شۇنداقلا
تاجىكستان تەرەپنىڭ روسسىيە، قا
زاقستان ۋە بېلارۇسسىيە قۇرغان ئۆ
چلۈك تاموۋنا ئىتتىپاقىغا كىرىشنى
ئۆزىنىڭ خالايدىغانلىغى توغرىلىق بىل
دۈرۈش قىلىنغان توختامغا قول قو
يۇلدى.

(قاز تاگ).

# ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەر قىلىدۇ

## يېلتسىننىڭ ئابرويى بارغانسىرى چۈشمەكتە

ياخاللاشقان روسسىيە ئاقچىسىغا ئوخشاش، پرېزىدېنت ب. يېلت
سىننىڭمۇ ئابرويى كۈندىن ـ كۈنگە چۈشمەكتە. بۈتكۈل روسسىيە
لىك جەمىيەتلىك كۆز قاراش، پىكىرلەرنى تەكشۈرۈش مەركىزى تە
رىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن سوئال ـ جاۋاپ ۋاقتىدا روسسىيەلىكلەرنىڭ پە
قەت 14 پروتسېنتىلا ئۇنى پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك
ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، دەيدىغان كۆرىنىدۇ.

سىياسىي ئەرباپ سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلدۈرۈشنى روس
سىيەلىكلەرنىڭ پەقەت 20 پروتسېنتىلا قوللايدىكەن. بۇ ئۆتكەن ژىل
ئى سېنتەبىر ئېيىدىكىدىن 11 پروتسېنت ئاز. ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىل
دۈرمەيدىغانلار ـ 70 پروتسېنت.

## قاراباختا ھازىرچە تىنچلىق

ئەزەربەيجان پرېزىدېنتى گ. ئەلىيېۋ ياۋروپادىكى بىخەتەرلىك
ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ
ئەرمەن ـ ئەزەربەيجان چېگارىسى رايونىدا ئوق ئېتىشىشنى توختى
تىش تەرتىۋىنى ساقلاش ئۈچۈن قولدىن كېلىدىغان ئىشنىڭ ھەممى
سىنى قىلىشقا تەييار ئىكەنلىگىنى بىلدۈرگەن.

ماتا، سەككىز ئايدىن بېرى بۇ يەردە تىنچلىق. خەلق ئارالىق تە
شكىلات ۋەكىللىرى ئەزەربەيجان تەرەپتىن قىلىنىۋاتقان مۇنداق ئە
قىلانە ھەرىكەتنى يۇقۇرى باھالىدى. موشۇنداق ئەقىل ـ پاراسەت بە
لەن ئىش يۈرگۈزۈش چېچەنىستاندىكى جاڭجالنى بىر تەرەپ قى
لىشقا يېتىشمەيۋاتىدۇ ـ دە، دېگەن ئوي كېلىدۇ.

## ئىنسانچىلىققا يات ئىش ـ ھەرىكەت

ياۋروپا كېڭىشىنىڭ پارلامېنتلىق ئاسسامبلېيەسىنىڭ سېسسىيەسى
دە مەزكۇر خەلق ئارالىق تەشكىلاتقا روسسىيەنى قوبۇل قىلىش مە
سىلىسى قارىلىۋاتىدۇ. كۆتكەندەكلا ئاسسامبلېيە ئەزالىرىنىڭ ھەممى
سى چېچەنىستاندىكى قان تۆكۈشلەرنى ئەيىپلىمەكتە.

روسسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئىنسان ھوقۇقى بويىچە ۋەكىلى
س. كوۋالېۋ ئومۇمەن ئۆز ئېلىنىڭ ياۋروپا كېڭىشىگە قوبۇل قىلى
نىشى تەرەپدارى ئىكەنلىگىنى بىلدۈرۈپ، بىراق ھازىرقى چېچەنى
ستاندا قان تۆكۈلۈش داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە روسسىيەنى بۇ تەش
كىلاتقا قوبۇل قىلىش بويىچە سۆز قىلىشنىڭ ئۆزى ئىنسانچىلىققا تو
غرا كەلمەيدىغان ئىش ـ ھەرىكەت دەپ ئېيتتى.

## رامزان ئېيىدا ئېتىشىش توختىتىلدى

ئىلگىركى كېلىشىم بويىچە، تاجىكستاندىكى قارشى تەرەپلەر
6 ـ فېۋرال كۈنىگىچە ئوق ئېتىشىشنى توختاتقان ئېدى. ھازىر جۇم
ھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىرىمۇ، ئوپپوزىتسىيەچىلەرمۇ ئېتىشىشنى توخ
تىتىش بويىچە كېلىشىم مۇددىتىنى ئۇزارتىش ھەققىدە تىلەك بىل
دۈرۈشتى.

ئوپپوزىتسىيە رەھبىرى ئا. تۇرالدژونزادە روزا تۇتىدىغان رام
زان ئېيىدا قان تۆكۈشكە بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن 6 ـ مارتقا قەدەر
ئۇزارتىش ئورۇنلۇق، يارىشىمايدىغانلىغىنى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەش
كىلاتىنىڭ باش كاتىۋىغا خەت ئارقىلىق خەۋەرلىگەن.

## ئاققان قانلار ئاز كۆرۈنۈۋاتقاندەك...

كازاكلار ئىتتىپاقىنىڭ باشقارمىسى د. دۇدايېۋنىڭ چېچەنىستان
دىكى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشقا تېررىتورىيەدە يۈرگۈزۈش ھەق
قىدىكى پوپوزىسىنى ئەيىپلەپ، باياناتى ئېلان قىلدى.

باشقارما ئۆز باياناتىدا روسسىيە پرېزىدېنتىغا ۋەتەننى پارچى
لاپ، ئەلنى بۇلغۇسى كېلىدىغان جىنايەتچىلەرنى ئۈزگىلەر ئۈچۈن
ساۋاق بولىدىغان دەرىجىدە جازالاشقا مەسلىھەت بەرگەن. يېلتسىن
ئۇلارنىڭ مەسلىھىتىسىزلا پۈتكۈل ئالەم خەلقى بۇ قىرغىنچىلىققا
يېلتسىننىڭ قاتتىق مەۋقەدە بولىۋاتقانلىغىنىڭ شاھىدى بولىۋاتىدۇ.
كازاكلارغا ھازىرچە ئاققان قانلار ئاز كۆرۈنىۋاتقان ئوخشايدۇ.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى -روييۇڭ سامان بولماس

1995
يىل
11فېۋرال
شەنبە
№6
(3963)
ئەركىن باها

# يېڭى هايات

ЖАҢА ӨМІР

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى  1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

## ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلىرىدىن

### قۇربان بولغانلارنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى

مىيۇنخېن شەھرىدە ئۆتكەن ياۋروپا بىخەتەرلىكىگە بېغىشلانغان مەجلىستە سۆز ئالغان روسسىيە دۆلەتلىك دۇمانىڭ مۇداپىيە ئىشلىرى بويىچە كومىتېتىنىڭ رەئىسى س. يۇشېنكوۋ «چېچەنىستاندىكى ئۇرۇشتا 20 مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى» خەۋەرلىدى.

مەزكۇر فورۇمغا دەسلەپ مۇداپىيە مىنىسترى پ. گراچېۋ تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ كەلمىگىنى ياخشى دېگەن پىكىر ئېيتىلىشى بىلەن مىنىستر ئۇ يەرگە بارالمىغان. سەۋەبى، ئۇ ناھەق توكۇلۇۋاتقان قانلار ئۈچۈن مەجلىس قاتناشچىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا تىك قاراشقا پېتىنالماسلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك.

### ئىنگۇشېتىيەدىكى ۋەزىيەت

بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى ئەھۋال ئۆز قېلىپىدا، ئۇنى ئۇرۇشقا ئارلاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ بىلدۇردى ئىنگۇشېتىيە ئىچكى ئىشلار مىنىسترىنىڭ ئورۇنباسارى رۇسلان پلىيېۋ.

ئۇنىڭ مۇنداق دەپ ئېيتىشىدا چوڭ سەۋەپ بار ئىكەن. فېدېراللىق ھەربىي قىسىملار ئاھالىلىق پۇنكتلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتقان كورۇنىدۇ. بۇ خەلقنىڭ نارازىلىقىنى پەيدا قىلىپ، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

### ئۇرۇشنى خالايدىغان كۈچلۈك پارتىيە بار

روسسىيەنىڭ بەلگۈلۈك جەمئىيەت ئەربابى ئې. گايدار «كاۋكازغا- تىنچلىق، روسسىيەگە -تىنچلىق» دۇگىلەك ئۈستىلدە سوھبەتكە قاتنىشىپ، چېچەنىستاندىكى ئۇرۇشنى يەنە قاتتىق ئەيىپلىدى.

ئۇنىڭ پىكرىچە، روسسىيەدە شىمالىي كاۋكازدىكى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالايدىغان كۈچلۈك پارتىيە بار، ئەشۇ پارتىيە پەقەت ئۇرۇش ئارقىلىقلا روسسىيەنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئويىدا بولماقتا.

### ئالچىكتا نارازىلىق مىتىنگىسى ئوتكۈزۈلدى

كاباردىن-بالكار جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختىدە رۇخسەت قىلىنمىغان مىتىنگنى مىلىتسىيە خادىملىرىنىڭ كۈچى بىلەن تارقاتتى.

مىتىنگنى كاباردىن خەلقىنىڭ كونگرېسى بىلەن «ئادىگېخاسې» مىللىي ھەرىكىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، چېچەنىستاندىكى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان.

### ئەزەربەيجاننىڭ ئىشەشلىك قەدىمى

كاسپىي دېڭىزىدىكى نېفتىنى پايدىلىنىشقا باغلىق قۇرۇلغان خەلقئارالىق كونسورتسىۇمدىكى ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان 20 پروتسېنتلىق ھەسسىسىنىڭ تورتتىن بىر قىسمىنى ئىرانغا بەرمەكچى بولغان ئەزەربەيجانغا ئاقش تەرەپتىن نارازىلىق بىلدۇرۇلدى.

ئۇلار بۇ خەلقئارالىق كونسورتسىۇمغا ئىراننىڭ ئىشتىراك قىلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھوكۈمىتى لوتا بىلەن جاۋاپ بېرىپ، ئىراننى كونسورتسىۇم ئەزاسى سۈپىتىدە كورسەتتى.

### ئۇكرائىنا ئوز يولىنى قايتمايدۇ

پرېزىدېنت ل. كۈچما ئاقش نىڭ لاۋازىملىق ئادەملىرى بىلەن بايقىغۇچىلىرى دېلېگاتسىيەسى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتا ئۇكرائىنانىڭ ئۆزى خالىغان يولىنى قايتمايدىغانلىقىنى بىلدۇردى.

ئاقش دېلېگاتسىيەسىنىڭ باشلىقى، يېڭى مۇستەقىل دولەتلەرگە ئامېرىكا ياردىمىنى تەخسىم قىلغۇچى ت.سايمونس ئۇكرائىنا ژۈرگۈزۈۋاتقان ئىسلاھات سىياسىتىنى ئاقش مەمۇرىيىتى ژۇقۇرى باھالاپ، ئۇنى ھەممە جەھەتتىن قوللاپ- قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



بەختلىك باللىق چاغ.  د. يۇسۇپوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

### دېلېگاتسىيەلەرنىڭ كېلىشى

قازاقستان پايتەختى موشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم مدھ- ئەللىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىدىكى ئۇچرىشىشلىرىنى ئوتكۈزىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش، ئىلگەركى ئۇچرىشىش ئوخشاش، قېرىنداش ئەللەرنىڭ ئىنتېگراتسىيەسىدە مۇھىم رول ئاتقۇرۇشى سوزسىز.

9- فېۋرال كۈنى داۋامىدا ئالمۇتا ئائېروپورتىغا مدھ- غا ئەزا ئەللەر دېلېگاتسىيەلىرى كېلىپ تۇردى. ئۇلارنى ئەزەربەيجان، ئەرمەن، بېلورۇس، گرۇزىيە، قىرغىزستان، مولداۋىيە، روسسىيە فېدېراتسىيەسى، تاجىكستان، ئوزبەكستان، ئۇكرائىنا پرېزىدېنتلىرى گېيدار ئەلىيېۋ، لېۋون تېر-پېتروسيان، ئالېكساندر لۇكاشېنكو، ئېدۇئارد شېۋاردنادزې، ئاسقار ئاقايېۋ، مىرچا سنېگۇر، بورىس يېلتسىن، ئىمامەلى رەخمانوۋ، ئىسلام كەرىموۋ، لېونىد كۈچما باشقۇرماقتا. تۈركمەنىستاننىڭ رەسمىي دېلېگاتسىيەسىنىڭ رەھبىرى- مەجلىس (پارلامېنت) رەئىسى ساخات مۇرادوۋ.

پايتەخت ئائېروپورتى ژۇقۇرى دەرىجىلىك مېھمانلارنىڭ ھورمەت-شەرىپىگە مدھ- ئەللىرىنىڭ دولەت تۇغلىرى بىلەن بېزەلدۇرۇلگەن.

روسسىيە رەھبىرى، مدھ- ئەللىرى رەھبەرلىرى كېڭىشىنىڭ رەئىسى بورىس يېلتسىننى پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازارباييېۋ قارشى ئالدى.

باشقا دېلېگاتسىيەلەرنى ۋىتسې-پرېزىدېنت ئېرىك ئاسابايېۋ، پرېمېر-مىنىستر ئەكېژان قازىگېلدىن، ئۇنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى نىغمەتجان ئېسېنغارىن ئالىي كېڭەش رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى مارات ئوسپانوۋ، بىر قاتار مىنىسترلىكلەرنىڭ رەھبەرلىرى قارشى ئالدى.

(قاز تاگ).

### مدھ ئىش ئورگانلىرىنىڭ مەجلىسى

9-فېۋرال كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى ئالمۇتىدا مدھ نىڭ بىر قاتار ئىش ئورگانلىرىنىڭ- تاشقى ئىشلار مىنىسترلىرى كېڭىشىنىڭ، مۇداپىيە مىنىسترلىرى كېڭىشىنىڭ ۋە چېگارا ئەسكەرلىرى قوماندانلىرى كېڭىشىنىڭ مەجلىسى بولدى. ئۇندىن كېيىن مەزكۇر ئورگانلارنىڭ بىرلەشكەن مەجلىسى ئوتتى.

مەجلىسلەردە ئالىي دەرىجىلىك ئۇچرىشىشنىڭ كۈن تەرتىۋى بويىچە تەكلىپلەر ئالدىن-ئالا مۇھاكىمە قىلىندى. مدھ- ئەللىرى بىلەن دولەتلىرى رەھبەرلىرى قارايدۇ دەپ كوزلىنىۋاتقان ھوججەتلەر پىشىقلاندى.

(قاز تاگ).

